# 13348 ـ ئىسلامدا يىمەك-ئىچمەك ئەدەپ قائىدىلىرى

**سۇئال**

ئىسلامدىكى يىمەك-ئىچمەك ئەدەپلىرى نىمىلەردىن ئىبارەت؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**ئىنچام جاۋاپ**

ئىسلامدىكى يىمەك-ئىچمەك ئەدەپ قائىدىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە جاۋاپ:
يىمەك يېيىشتىن ئىلگىرى ئىككى قولىنى يۇيۇش، ئۆزىنى مېھمان قىلغان كىشى يېمەكلىكنى ئەكەلگەندە، يىمەككە ئالدىراش ۋە يېيىشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دېيىش، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش، يىمەكتىن كېيىن قولىنى يۇيۇش، قولى بىلەن يېگەندە ئۈچ بارمىقى بىلەن يېيىش، دەستۇرخانغا چۈشۈپ كەتكەن لوقمىنىمۇ يېيىش، زۆرۈر بولمىسا يىمەك يەۋاتقاندا تۆكۈرمەسلىك، مىشقىرماسلىق، يىمەكنى سۆكمەسلىك، يىمەكنى نورمال يېيىش، قوساقنى لىق توشقۇزىۋەتمەسلىك، ئالتۇن، كۆمۈش قاچىلاردا يىمەك يېيىشتىن يىراق بولۇش كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭدا يىمەك يېيىش ھارام بولىدۇ، يىمەكنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ھەمدە ئېيتىش كېرەك.

**تەپسىلى جاۋاپ**

يىمەك يېيىشنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە ئەدەپلىرى تۆۋەندىكى تۈرلەردە بولىدۇ:

## -يىمەكتىن ئىلگىركى ئەدەپ.

يىمەك يېيىشتىن ئىلگىرى ئىككى قولىنى يۇيۇش: ئىككى قولى بىلەن يىمەك يېيىش ۋە قولىنىڭ پاكىزە بولىشى، قولىدا كىر-قاسماق بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ئۆزىگە زىيىنى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن يىمەك يېيىشتىن ئىلگىرى ئىككى قولىنى يۇيۇش كېرەك.

-يېمەكنىڭ ئەدەپلىرىدىن: ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغان بولسا، يەيدىغان يېمەكلىكنى بىلمىسە، كەلتۈرىلىدىغان يېمەكلىكتىن كۆڭلى خاتىرجەم بولالمىسا، ئۆي ئىگىسىدىن يىمەكنىڭ تۈرىنى سوراش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەكىلىدىغان يىمەكلىكنىڭ ئىسمىنى ۋە ئۆزىنى بىلمىگۈچە يىمەيتى، بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، (مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خالىدنىڭ ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاممىسى ئىدى)، ئۇ ئانىمىزنىڭ ئۆيىدە قاقلاپ پىشۇرۇلغان كىلە كاۋىپى بار ئىدى، ئۇنى مەيمۇنە ئانىمىزنىڭ ھەمشىرىسى ھەپىدە بىنت ھارىس نەجدىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىدى، بۇ كېلە كاۋىپىنى پەيغەمبەر

ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يىمەكلىك كەلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ نىمىلەردىن تەييار قىلىنغانلىقى ۋە بۇ يىمەكنىڭ ئىسمىنى سۆزلەپ بېرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېلەگە قولىنى ئۇزاتقان ئىدى، ئۆيدە بار بولغان ئاياللاردىن بىرى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا خەۋەر بېرىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا قويۇلغىنى كېلە كاۋپى دېدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قولىنى تارتتى، بۇ ۋاقىتتا خالىد ئىبنى ۋەلىيد: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! كېلە گۆشى هاراممۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ياق! هارام ئەمەس، لېكىن بۇ مېنىڭ قەۋمىمنىڭ زېمىنىدا بولمىغان نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى يېيىشنى خالىمىدىم» دېدى، خالىد مۇنداق دەيدۇ: مەن كېلەنى ئالدىمغا تارتىپ يېيىشكە باشلىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. [بۇخارى رىۋايىتى5391-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1946-ھەدىس].

ئىبنى تىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقەتەن يىمەكتىن سورايتتى، چۈنكى ئەرەپلەرنىڭ يىمەك تۈرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن يىمەكلىكتىن ھېچ نەرسىنى ئۈچ كۆرمەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەزى يىمەكلىكلەرنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن سورايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سورىغانلىقى بەلكىم شەرئىەتتە بەزى ھايۋانلارنى يېيىشنىڭ ھارام بولغانلىقى ۋە يەنە بەزىلىرىنىڭ دۇرۇس بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئۇلار يىمەكلىكتىن ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتى، كاۋاپ قىلىنغان ياكى پىشۇرۇلغان نەرسىلەر كەلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭدىن سوراش ئارقىلىق ئايرىغىلى بولاتتى". ["پەتھۇلبارى" 9-توم 534-بەت].

ئۆزىنى مېھمان قىلغان كىشى يىمەكلىكنى ئەكەلگەندە، يىمەككە ئالدىراش، مېھمانىنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۇنىڭغا يىمەكلىكنى تېزدىن كەلتۈرۈش، ساھىپخانىنىڭ ھۆرمىتىدىن ئەكەلگەن يىمەكلىكنى تەخىر قىلماي دەرھال يېيىشتۇر، ئەگەر مېھمان ئەكەلگەن يىمەكلىكنى يىمەي ئولتۇرسا ساھىپخان نېمە بولغاندۇ دەپ خاتا چۈشىنىش كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ساھىپخانىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن كەلتۈرگەن يىمەكلىكنى يېيىشكە ئالدىراش كېرەك.

يېيىشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دېيىش، يىمەكتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دېيىش بەزى قاراشتا ۋاجىپ بولىدۇ، بىسمىللاھنى يىمەكنىڭ بېشىدا دەيدۇ، ئۇممۇ كۇلسۇم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار يىمەك يىمەكچى بولسا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ باشلىسۇن، ئەگەر دەسلەپتە بىسمىللاھ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، يادىغا يەتكەندە: ئەۋۋەلدە ۋە ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن دېسۇن» [تىرمىزى رىۋايىتى1858-ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى3767-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى3264-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ، "ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى" 3202- نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئۆمەر ئىبنى سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھوجۇرلىرىدا ياشايدىغان كىچىك بالا ئىدىم، يىمەك كەلگەندە، قولام قاچىنىڭ ھەممە تەرىپىنى سىلاشتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى: «ئى ئوغۇلچىقىم! ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىغىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن ۋە ئالدىڭدىن يېگىن دېدى». [بۇخارى رىۋايىتى3576-ھەدىس ۋە مۇسلىم رىۋايىتى 2022-ھەدىس].

## -يىمەك يېيىش جەريانىدىكى ئەدەپ.

ئوڭ قولى بىلەن يېيىش، مۇسۇلمانغا يىمەكنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىش ۋاجىپ بولىدۇ، سول قولى بىلەن يېيىش توغرا بولمايدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار سول قولى بىلەن بىر نەرسە يىمىسۇن ۋە بىر نەرسە ئىچمىسۇن، ھەقىقەتەن شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ» [مۇسلىم رىۋايىتى2020-ھەدىس].

بۇ شۇ كىشىنىڭ ھىچ ئۆزرىسى بولمىغاندا شۇنداق بولىدۇ، ئەمما ئوڭ قولى بىلەن يېيىش ۋە ئىچىشتىن چەكلەپ قويىدىغان كېسەللىك، جاراھەت ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزرىلەر بولۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا سول قولى بىلەن يەپ-ئىچسىمۇ بولىدۇ.

ھەدىس ئىنساننى شەيتاننىڭ قىلمىشىغا ئوخشاپ قالىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا ئىشارەت قىلىدۇ.

يىمەكنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش: ئىنسان لېگەن، تەخسىلەردە كىشىلەر بىلەن بىرگە يىمەك يىگەندە، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى يىمەككە ياكى يىمەك ئوتتۇرىغا قولىنى سوزماسلىق كېرەك. ئۆمەر ئىبنى سەلەمەدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دىگەن: «ئى ئوغۇلچىقىم! ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىغىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يىگىن ۋە ئالدىڭدىن يىگىن دىدى». [بۇخارى رىۋايىتى3576-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2022-ھەدىس].

چۈنكى ئىنسان باشقىلار بىلەن بىرگە يىمەك يىگەندە، ھەمراھىنىڭ ئالدىدىن يېسە، ئۆزىنىڭ ئېسىللىقىنى يوقىتىدۇ، باشقىلار بىلەن ياخشى ئارىلاشقان بولمايدۇ، بولۇپمۇ شورپا، قورداق دىگەندەك يىمەكلەر بولۇپ قالسا، ھەمراھى ئۇ كىشى قول ئۇزاتقان يەردىن يىمەسلىكى مۇمكىن. بۇ توغرىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «بەرىكەت يىمەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىدۇ، يىمەكنىڭ قاچىنىڭ ئەتراپىدىن يەڭلار، ئوتتۇرىدىن يىمەڭلار». [تىرمىزى رىۋايىتى1805-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى3277-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ"سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى" 829-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن.

لېكىن يىمەكلىك سۈيۈق يىمەك بولماستىن خورما ياكى باشقا مېۋىلەر بولۇپ قالسا، قايسى تەرەپتىن ئېلىپ يېسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان.

يىمەك يەپ بولغاندىن كېيىن قولىنى يۇيۇش: يىمەكتىن قولنى يۇيۇش بىلەن سۈننەت ھاسىل بولىدۇ، ئىبنى رۇسلان مۇنداق دەيدۇ: " يىمەكتىن قولىنى سوپۇن ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن يۇيۇش ياخشى بولىدۇ". ["تۆھپەتۇل ئەھۋەزى" 5-توم 485-بەت].

يىمەكتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قولىنى يۇيۇش مۇستەھەپ بولىدۇ، گەرچە تاھارەت بىلەن بولسىمۇ يۇيۇۋېتىش كېرەك.

يېمەكتىن كېيىن ئېغىزنى چايقىۋېتىش: يېمەكتىن كېيىن ئېغىزنى چايقىۋېتىشمۇ مۇستەھەپتۇر. بۇ توغرىدا بەشىير ئىبنى يەسار سۇۋەيد ئىبنى نۇماندىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق خەۋەر بەرگەن: «ئۇلار يەنى ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە خەيبەردىن قايتىپ سەھبا دېگەن جايغا كەلگەندە ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى، يېمەكمۇ ھازىر بولغان بولۇپ، ئۇلار ئاربىلاشتۇرۇلغان تالقان يېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يېدى، ئاندىن سۇ كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپ ئېغىزنى چايقىۋەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى، بىزمۇ بىرگە ناماز ئوقۇدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالمىدى» [بۇخارى رىۋايىتى5390-ھەدىس].

مېھمان قىلغان كىشىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئەد ئىبنى ئۇبادىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، سەئىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نان بىلەن ماي كەلتۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يېدى ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلدى: «سىلەرنىڭ ئۆيدە روزىدارلار ئىپتار قىلدى، ياخشى كىشىلەر يېمەكلىرىڭلارنى يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغپىرەت تىلىدى». [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 3854-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ، "سۈنەن ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى"3263-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈردى].

قولىدا يەيدىغان يېمەكلىك بولسا ئۇنى ئۈچ بارماق بىلەن يېيىش سۈننەت بولىدۇ، قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ بارماقتىن كۆپ بارماق بىلەن يېسە، ئاچكۆزلۈك ۋە ئەدەپسىزلىكتىن بولىدۇ، چۈنكى ئۈچ بارماق بىلەن يېمەكنى تۇتۇپ يېگىلى بولغاندىن كېيىن، باشقا بارماقلىرى بىلەن يېمەك كۆپ ئېلىپ يېيىشكە ئېهتىياجلىق بولمايدۇ، ئەمما يىمەكلىك ئۈچ بارماق بىلەن ئالغىلى بولمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ھەممە بارماقلىرى بىلەن يېسىمۇ بولىدۇ". ["پەتھۇل بارى"9-توم578-بەت].

يېمەكنى قولى بىلسە مۇشۇنداق يەيدۇ، ئەگەر قوشۇق ياكى باشقا نەرسە بىلەن يېسىمۇ بولىدۇ.

دەستۇرخانغا چۈشۈپ كەتكەن يېمەكنىمۇ يېۋېتىش: يىمەك چۈشۈپ كەتسە ئۇنى شەيتانغا تاشلاپ بەرمەسلىك ئۈچۈن پۈدىۋېتىپ ياكى سۈرتىۋېتىپ يېيىش كېرەك، چۈنكى ئىنسان يېمەكتىكى بەرىكەتنىڭ يېمەكنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بەلكى بەرىكەت چۈشۈپ كەتكەن مۇشۇ يېمەكتە بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى تاشلاپ قويۇش بىلەن ئىنسان يېمەكنىڭ بەرىكىتىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. بۇ توغرىدا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېمەك يېگەندە، ئۈچ بارمىقىنى يالىۋېتەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «سىلەردىن بىرىڭلار يېمىكى يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى سۈرتىۋېتىپ ياكى پۈدىۋېتىپ يىسۇن، شەيتانغا تاشلاپ قويمىسۇن، سىلەرنىڭ بەرىكەتنىڭ يېمەكنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر». بىز قاچىنى يالىۋېتىشكە بۇيرۇلاتتۇق.

يېمەك يېيىش جەريانىدا بىر نەرسىگە يۆلىنىۋالماسلىق كېرەك: بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن بىر نەرسىگە يۆلىنىپ تۇرغان ھالەتتە يېمەك يېمەيمەن». [بۇخارى رىۋايىتى5399-ھەدىس].

يۆلىنىشنىڭ قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملار پەرقلىق قاراشتا بولدى. بەزىلەر: ھەر قانداق ھالەتتە ئولتۇرۇپ

يېيىش كېرەك دېسە، يەنە بەزىلەر: بىر تەرىپىگە سىڭايان بولۇپ يېيىش دەيدۇ، بەزىلەر: سول قولنى زېمىنغا تىرەپ ئولتۇرۇش دېدى، ئىبنى سەئىيد زەئىپ ئىسناد بىلەن بايان قىلغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يېمەك يېگەندە ئىنساننىڭ سول قولىنى زېمىنغا تىرەپ ئولتۇرۇشىدىن قاتتىق چەكلىدى». ئىمام مالىك: بۇمۇ يۆلىنىۋېلىشنىڭ بىر تۈرى دېدى.

مەن دەيمەنكى: بۇ سۆز ئىمام مالىكنىڭ: قانداق شەكىلدە بولسۇن يۆلىنىپ يېيىش مەكرۇھ بولىدۇ، بۇ مەلۇم بىر سۈپەتكە خاس بولماي دېگەنگە ئىشارەت بولىدۇ". ["پەتھۇلبارى" 9-توم 541-بەت].

زۆرۈر بولمىسا يېمەك يەۋاتقاندا تۈكۈرمەسلىك، مىشقىرماسلىق كېرەك.

يېمەكنىڭ ئەدەپلىرىدىن: كىشىلەر بىلەن بىرگە يېگەندە، يېمەك ئارىسىدا سۆز قىلىش چەكلەنمەيدۇ، كىچىك باللىرىغا يېمەك يېدۈرۈپ قويۇش، ئايالىنىڭ ئېغىزىغا يېمەك سېلىپ قويۇش، كېسەل ئىشى دېگەندەك ئايرىم يېمەك بولمىغان ئەھۋالدا، يېمەكنىڭ ۋە گۆشىنىڭ ياخشىسىنى، ناننىڭ يۇمشىقىنى ئۆزىگە ئايرىۋالماسلىق كېرەك، مېھمان يېمەكتىن قولىنى يىغسا، ساھىپخان مېھماننىڭ كۆپايە قىلمىغانلىقىنى بىلسە: ئۇنى ئالسىلا، يېسىلە دەپ تەكرار يېمەككە تەكلىپ قىلىشى كېرەك، ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق تەكلىپ قىلماسلىق، چېشلىرىنى كولاپ چېشىنىڭ ئارىسىدىن چىققان نەرسىنى يۇتۇۋەتمەستىن بەلكى تاشلىۋېتىشى كېرەك.

## -يېمەك يەپ بولغاندىن كېيىنكى ئەدەپ.

ھەدىستە بايان قىلىنغان بويىنچە يېمەك يەپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ھەمدە ئېيتىپ دۇئا قىلىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېمەكنى يەپ بولغاندا: «بارلىق ھەمدۇ-سەنا پاك ۋە بەرىكەتلىك بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىزگە رىزىق بېرەلمەيدۇ، بىزگە رىزىق بېرىشكە ئاللاھ تائالا يېتەرلىكتۇر، بىز پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھقا مۇھتاجمىز دەپ دۇئا قىلاتتى» [بۇخارى رىۋايىتى5458-ھەدىس].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتتىن باشقا يېمەك يېگەندە: «ئى ئاللاھ! بۇ يېمەكتە بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىزگە بۇنىڭدىن ياخشى يېمەك ئاتا قىلسا» دەيتتى، سۈت ئىچكەندە: « ئى ئاللاھ! بۇنىڭدا بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىزگە بۇنى زىيادە قىلىپ بەرسىلە» دەيتتى. [تىرمىزى رىۋايىتى3377-ھەدىس]. شەيخ ئەلبانى ھەسەن دەپ: سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى" 381-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە يېمەك ئاتا قىلسا، ئۇ كىشى: «ئى ئاللاھ! بۇ يېمەكتە بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىزگە بۇنىڭدىن ياخشى يېمەك ئاتا قىلسا دېسۇن. ئاللاھ تائالا بىر كىشىنى سۈت بىلەن سۇغارسا، ئۇ كىشى: ئى ئاللاھ! بۇنىڭدا بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىزگە بۇنى زىيادە قىلىپ بەرسىلە دېسۇن» [تىرمىزى رىۋايىتى3455-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى ھەسەن دەپ: تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر

توپلىمى" 2749-نومۇرلۇق ھەدىس].

## يېمەك يېيىشتىكى ئومۇمى ئەدەپ.

يېمەكنى سۆكمەسلىك ۋە ئەيىپ قويماسلىق: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزەلدىنلا تاماققا ئەيىپ قويمايتتى، كۆڭلى تارتسا يەيتتى، كۆڭلى تارتمىسا يېمەيتتى». [بۇخارى رىۋايىتى 3370-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2046-ھەدىس].

بۇ يەردىكى تاماقتىن دۇرۇس-ھالال تاماق مەقسەت قىلىنىدۇ، ئەگەر ھارام يېمەك بولسا: ئۇنى ئەيىپلەيدۇ، سۆكىدۇ ۋە ئۇنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تاماقنىڭ تەكىتلەنگەن ئەدەپلىرىدىن تاماقنى ھەرگىز ئەيىپلىمەسلىك. مەسىلەن: تۇزلۇق، ئاچچىق، تۇزى يوق، قوياق، سۇيۇق، خام دېگەنگە ئوخشاش بولاپ قالسىمۇ ئەيىپلىمەسلىك لازىم. ئىبنى بەتتال رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەڭ گۈزەل ئەدەپلەردىن: بىرىنىڭ كۆڭلى تارتمىسا، يەنە بىرىنىڭ كۆڭلى تارتىدۇ، شەرىئەت تەرەپتىن يېيىشكە رۇخسەت قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەيىپ بولمايدۇ". ["مۇسلىم شەرھىسى" 14-توم 26-بەت].

يېمەكنىڭ ئەدەپلىرىدىن: يېمەكنى نورمال يېيىش، قوساقنى بەك توشقۇزىۋەتمەسلىك: ئەڭ بولمىغاندا قوساقنىڭ ئۈچكە ئايرىپ، ئۈچتىن بىرىنى تاماققا، ئۈچتىن بىرىنى ئىچىملىككە ۋە يەنە ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئېلىشقا قالدۇرۇش كېرەك. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەۋلادى قوساقتىنمۇ يامانراق بىر قاچىنى توشقازمىدى، ئادەم ئەۋلادىغا سۆلبىنى تۇرغۇزغىدەك تاماق كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر بەك يېگىسى كەلسە، ئۈچتىن بىرىنى تاماققا، ئۈچتىن بىرىنى ئىچىملىككە ۋە يەنە ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئېلىشقا قالدۇرۇش كېرەك» [تىرمىزى رىۋايىتى2380-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى3349-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ: تىرمىزىينىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى" 1939-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

تاماقنى نورمال يېگەندە بەدەن يەڭگىل بولىدۇ، قوساق بەك تويۇپ كەتسە، بەدەن ئېغىرلىشىپ قالىدۇ، بۇ ئىبادەت ۋە ئىش-ھەرىكەتكە ھورۇنلۇقنى پەيدا قىلىدۇ، ئازراق يەپ قوساقنىڭ تويغانلىقنى ھېس قىلىش ياخشى بولىدۇ. ["پىقھى توپلاملىرى" 25-توم 332-بەت].

ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردا يېمەك يېيىشتىن يىراق بولۇش كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭدا يېمەك يېيىش ھارامدۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قېلىن، نېپىز يىپەك كىيىملەرنى كىيمەڭلار، ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلاردا بىرنەرسە ئىچمەڭلار، ئالتۇن لىگەن-تەخسىلەردە بىر نەرسە يېمەڭلار، بۇ نەرسىلەر دۇنيادا كاپىرلار ئۈچۈندۇر، ئاخىرەتتە بىز ئۈچۈندۇر» [بۇخارى رىۋايىتى 5426-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2067-ھەدىس].

يىمەكنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالاغا ھەمدە ئېيتىش كېرەك. بۇنىڭ كۆپ ئارتۇقچىلىقى بار، بۇ توغرىدا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا يىمەك يەپ بولۇپ ئۆزىنى ماختىغان ۋە ئىچىملىك ئىچىپ بولۇپ ئۆزىنى ماختىغان بەندىسىدىن رازى بولىدۇ» [مۇسلىم رىۋايىتى 2734-ھەدىس].

## يىمەك يەپ بولغاندىن كېيىن دەيدىغان ھەمدە-سانانىڭ شەكلى:

بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر شەكىلدە بايان قىلىنغان، ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىمەكنى يەپ بولۇپ دەستۇرخاننى ئالدىغاندا: «بارلىق ھەمدۇ-سەنا پاك ۋە بەرىكەتلىك بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىزگە رىزىق بېرەلمەيدۇ، بىزگە رىزىق بېرىشكە ئاللاھ تائالا يېتەرلىكتۇر، بىز پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھقا مۇھتاجمىز دەپ دۇئا قىلاتتى» [بۇخارى رىۋايىتى 5458-ھەدىس].

مۇئاز ئىبنى ئەنەس ئاتىسىدىن ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى يىمەك يەپ بولۇپ ئاندىن بارلىق ھەمدۇ-سەنا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئۇ ماڭا بۇ تاماقنى مېنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىمسىز رىزىق قىلىپ بەردى، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» [تىرمىزى رىۋايىتى3458-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى3285-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى ھەسەن دەپ: تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى"3348-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە يېسە ياكى ئىچسە مۇنداق دەيتتى: «بىزگە يىمەك بەرگەن، ئىچىملىك بەرگەن، ئۇنى سىڭدۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن چىقىش ئورنى قىلغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدە سانالار بولسۇن» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى3851-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن].

ئابدۇراھمان ئىبنى جۇبەيرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەككىز خىزمەت قىلغان بىر كىشى ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ كىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا يىمەكلىكنى قويسا مۇنداق دۇئا قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىكەن: «ئى ئاللاھ! تاماق بەردىڭ، ئىچىملىك بەردىڭ، ھىدايەت ئاتا قىلدىڭ، ھاياتلىق ئاتا قىلدىڭ، سېنىڭ ئاتا قىلغان نەرسىلىرىڭ ئۈچۈن ساڭا چەكسىز ھەمدە سانالار بولسۇن» ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى16159-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ "سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى" 1-توم 111-بەتتە كەلتۈرگەن].

پائىدە: يىمەكتىن ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ھەمدۇ- سەنا شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈش مۇستەھەپ بولىدۇ. بىر قېتىمدا بىرىنى دەيدۇ، يەنە بىر قېتىمدا يەنە بىرىنى دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىبسدە تۇتقىلى بولىدۇ، بۇ دۇئالارنىڭ بەرىكىتىگە ئېرىشىدۇ، بىر قېتىم بىرىنى يەنە بىر قېتىم يەنە بىرىنى دېيىش ئارقىلىق بۇ لەۋزىلەرنىڭ مەنىلىرى كۆڭلىگە ئورنىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، چۈنكى ئىنسانىنىڭ نەپسى مەلۇم بىر زىكىر-دۇئانى كۆپ تەكرارلاپ ئادەت قىلىۋېلىش بىلەن ئۇنىڭ مەنىسىنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈشى ئاز بولۇپ قالىدۇ". [شەلھۇبنىڭ"ئەدەپ" ناملىق ئەسىرى 155-

بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.